ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى
بۇ سەھىپىنىڭ قۇرغۇچى ۋە نازارەتچىسى
پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

# 4082 - قىز-خانىملار رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى بالدۇر تۇتامدۇ ياكى شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن روزىنىمۇ؟

## سوئال

سوئال: قىز-خانىملار ھەيز – نىپاس ۋە بەزى ئۆزۈرلەر سەۋەبى بىلەن تۇتالمىغان رامزان روزىسىنى بالدۇر باشلامدۇ ياكى شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن نەپلە روزىنىمۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ- سانا ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.ئەگەر ھەدىستە زىكىر قىلىنغان تەرتىپ بويىۇنچە قىلمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالتە كۈن شەۋۋال روزىسىنى تولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ . بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«كىمكى رامزان روزىسىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا يىل بويىي روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ»**. (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. 1984-نومۇرلۇق ھەدىس).
ئەمما بەزى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىدا, پەرز قازا روزىنى كېلەر يىل رامزان كېلىشتىن ئىلگىرى تۇتۇشقا پۇرسەت بارلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، شەۋۋال ئېيىدىكى ئالتە كۈن روزىنى، قازا روزىدىن ئىلگىرى تولۇش جايىز دەپ قارىلىدۇ.
ھەممىنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى.